# قىزىل بايراقنى جەۋلان قىلدۇرۇپ چوڭ ئۆتكەلدىن ئۆتۈش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۇدا ئىككى يىل مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئۆلكە باشلىقى، مىنىستىر دەرىجىلىكلەر تەتقىقات ـ مۇھاكىمە كۇرسىدا ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىشنى تەكىتلىدى، بولۇپمۇ «سارىسقا ئوخشاش ئاشۇنداق ئېغىر، زور يۇقۇملۇق كېسەلگە قارىتا ھەر ۋاقىت ھوشيارلىقنى ساقلاش، قاتتىق ئالدىنى ئېلىش كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى.

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، مۇداپىئە كۆرۈشكە ئۈلگۈرگىلى بولمىغان يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئېلىپ كەلگەن زەربىدىن يەنىلا ساقلانغىلى بولماي، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئېنىقسىزلىقلار بىردىنلا كۆپەيدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، يۇقۇم تېز سۈرئەتتە يامرىدى: دوكلات قىلىنغان ئاغرىق مىساللىرىنىڭ سانى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە زور ھەجىمدە كۆپىيىپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىدە بىر مەھەل توختىماي قىزىل چىراغ چاقناپ تۇردى؛

بەلگىلىگەن رىتىم بۇزۇلدى: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى بىرىنچى پەسىلدە ئالدىنقى يىلدىكى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.8% تۆۋەنلەپ، پەسىللىك سانلىق مەلۇماتلارنى ئىستاتىستىكا قىلغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم مەنپىي ئېشىش كۆرۈلدى؛

تاشقى مۇھىت يامانلاشتى: بەزى دۆلەتلەر توختىماي «قارا چاپلىدى»، «زىيادە بېسىم ئىشلەتتى» «ئالاقىنى ئۈزۈش» سادىسى ئەدەپ، يەككە تەرەپچىلىك، قورۇقچىلىق ئەۋج ئالدى؛

زىددىيەت مۇرەككەپلىشىپ چىگىشلەشتى: يۇقۇم پەسىيىمەي تۇرۇپلا يەنە ئېغىر كەلكۈنگە دۇچ كەلدۇق، ئاممىۋى سەھىيە، ئىقتىسادىي قۇرۇلما، ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى كەمتۈكلۈكلەرنى جىددىي تولۇقلاشقا توغرا كەلدى.

قارا بۇلۇتلار تۈرۈلۈپ كېلىپ، شىددەتلىك بوران ـ چاپقۇندىن شەپە بەردى. قانداق قىلغاندا «شامالغا قارشى پاراخوت»نى ياخشى ھەيدىگىلى بولىدۇ؟ بۇ، يول باشلىغۇچىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى، يىراقنى كۆرەرلىكىگە موھتاج، تېخىمۇ مۇھىمى، رولچىنىڭ قەيسەرلىكى، مەسئۇلىيەتچانلىقىنى سىنايدۇ.

يۈننەندە تەكشۈرۈشتە بولغاندىلا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىش؛ غايەت زور سىياسىي جاسارەت بىلەن ۋۇخەندە «شەھەرنى قامال قىلىش» قارارىنى چىقىرىش؛ چاغاننىڭ 1 ـ كۈنى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىنى جىددىي چاقىرىپ، بىر قاتار مۇھىم، زور تەدبىرلەرنى چىقىرىش؛ ھەربىر قېتىملىق مۇھىم يوليورۇق بېرىش، ساناپ تۈگەتكۈسىز قىزىل لىنىيەلىك تېلېفون قوبۇل قىلىش؛ ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئۆزى بېرىش، ۋۇخەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش...

100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ قېتىمقى ئېغىر، زور يۇقۇم ئالدىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ يىراقنى كۆزلەپ پۇختا پىلان تۈزۈپ، بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئۆزى بىرىنچى سەپكە بېرىپ، پۈتۈن مۇساپىدە جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ يۆلەنچۈكى بولۇپ، يۇقىرى ـ تۆۋەندىكىلەرنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىشىدىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملىدى.

2020 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 170 مىڭ ناھىيە، تۆۋەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنى قاپلىغان بىر قېتىملىق تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى يەنە بىر مەيدان جەڭنىڭ بۇرغىسىنى چالدى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم ئورۇنلاشتۇرما قىلدى: «دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچى ۋە قۇدرەتلىك ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى تولۇق قويۇپ بەرگەندىلا، بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ».

باش باھار مەزگىلىدە، جېجياڭ زېمىندا بارلىق مەۋجۇداتلار ئويغاندى.

نىڭبو جىيەنجى ماشىنا زاپچاسلىرى قېلىپى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا، قاتار ـ قاتار ئىستانوك ئۈسكۈنىلىرى ئۇچقاندەك ئايلىنىۋاتاتتى، ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئۈزۈلمەيتتى.

«كۆپچىلىك جاپا چەكتىڭلار!» غەيرىتى تولۇپ تاشقان ئىشچىلارغا باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: «بىز ھازىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە داۋاملىق چىڭ تۇرۇش ئالدىنقى شەرتىدە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پائال قانات يايدۇرۇشىمىز، ھەم ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز، ھەم تەن ساغلاملىقىمىزغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك».

بىر يىل ئىچىدە 13 قېتىم دۆلەت ئىچىدە تەكشۈردى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، بۇ، پەۋقۇلئاددە مەزگىلدىكى پەۋقۇلئاددە رىتىم: پانۇسلار ئەمدىلا ياندۇرۇلغان شىئەن پىيادىلەر كوچىسىدىن كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش ئالدىنقى سېپىدىكى چاۋجياڭ، خۇەيخې دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغىچە، خېلەنشەن تېغى ئېتىكىدىكى ئۈزۈم ئۆستۈرۈش بازىسىدىن ليۇياڭ دەرياسى بويىدىكى سىنلىق مەدەنىيەت ئىجادىيەت كەسپلەر باغچىسىغىچە...

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ زاۋۇتلارغا كىرىپ، يېزىلارغا بېرىپ، مەھەللىلەرنى زىيارەت قىلىپ، بازارلارنى ئايلىنىپ، كەڭ كادىرلار، ئاممىا ئارىسىغا كېلىپ قىلغان ھەربىر قېتىملىق مۇھىم سۆزى كىشىلەرنىڭ قەلبىنى يورۇتۇپ ئىشەنچىسىنى چىڭىتتى: «مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ كەتمەسلىك كېرەك» «خىرىس بىلەن پۇرسەت ھەمىشە تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، خىرىسنى يېڭىشنىڭ ئۆزى پۇرسەت»!

تومۇز ياز پەسلىدە، سۆگىلياۋ تۈزلەڭلىكىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان جىلىن ئۆلكىسىنىڭ لىشۇ ناھىيەسىدە كۆممىقوناق ئېتىزلىرىنىڭ چېتىگە كۆز يەتمەيتتى، ئالتۇن باشاقلار دولقۇنلاپ تۇراتتى.

ئېتىزغا كىرىپ، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: «بۇ يىل يازلىق ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش چوڭ ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتى، ئاچقۇچ كۈزلۈك ئاشلىقتا. بۇ يىل ئاپەت كۆپ بولدى، مەن شەرقىي شىمالدىن ئىبارەت بۇ جايدىكى زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلمەن».

قولدا ئاشلىق بولسا، كۆڭۈلدە ھودۇقۇش بولمايدۇ. 2020 ـ يىلى 2 ـ ئايدىلا، باش شۇجى شى جىنپىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئەتىيازلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، ئالاھىدە يىلدا ئالاھىدە تەدبىر قوللىنىپ، يېزا ئىگىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇش توغرىسىدا ئېنىق سىگنال تارقاتقانىدى.

بوران ـ چاپقۇن ئالدىدا مۇقىملىقنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك. 2020 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى ھەم ئۇنى «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ كۈچەش نۇقتىسى قىلدى.

يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە دۆلەت زايومى تارقىتىش، ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، دېھقان ئىشلەمچىلەر قاتارلىق نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ئالدىن كاپالەتلىك قىلىش، باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش، كارخانىلارغا ياردەم بېرىش، قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش سىياسىتى، تەدبىرلىرىنى زىچ چىقىرىش، يېڭى كەسىپ، يېڭى كەسپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن قوللاش... تەتۈر دەۋرىيلىك ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەشتىكى بىر قاتار «قاتتىق يادرو» تەدبىرلەر شامالغا قارشى ئىلگىرىلەۋاتقان پاراخوتقا كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى.

دۇنيانى قارا بۇلۇتلار قاپلىدى، جۇڭگودا يامغۇردىن كېيىن ھاۋا ئېچىلدى ——

باشلامچىلىق بىلەن يۇقۇمنى تىزگىنلىدى! باشلامچىلىق بىلەن ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى! باشلامچىلىق بىلەن ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى مەنپىيدىن مۇسبەتكە ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇردى!

خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى قاتارلىق نوپۇزلۇق ئاپپاراتلار دوكلات ئېلان قىلىپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئۈمىدۋار قارايدىغان «ئىشەنچ بېلىتى»نى تاشلىدى. چەت ئەل تاراتقۇلىرى قايىل بولغان ھالدا مۇنداق دېدى: «جۇڭگو كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سۈرئەت بىلەن نورمال ھالەتكە قايتىپ كېلىشكە يېقىنلاشتى».

مۆلچەرلىنىشچە، 2020 ـ يىلى جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 100 تىرىليون يۈەندىن ئاشىدىكەن، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 10 مىڭ دوللارلىق بوسۇغىدىن ئاتلايدىكەن، بەش يىلدا شەھەر ـ بازارلاردا يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 60 مىليون ئادەمدىن ئاشىدىكەن...

«13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەر پات ئارىدا تاماملىنىدۇ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى خەلق رازى بولغان، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان، تارىخ بېتىگە يېزىشقا بولىدىغان جاۋاب قەغىزى تاپشۇردى.

پاكىت يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى —— يولداش شى جىنپىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يادروسى، پۈتۈن پارتىيەنىڭ يادروسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يول باشلاپ رولچى بولدى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكى بولغاچقا، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلغاچقا، بىز چوقۇم ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزدا كۆرۈلگەن تۈرلۈك جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلىمىز، چوقۇم يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئالغا سىلجىتىمىز.

## (2) «قاتتىق قىيىنچىلىقلار»نى يېڭىش

بۇ، كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان بىر خۇش خەۋەر: 2020 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، گۈيجوۋ ئۆلكىسىدىكى قېپقالغان توققۇز ناھىيەنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ نامراتلىق قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ، جۇڭگودىكى 832 نامرات ناھىيەنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىق قالپىقى ئېلىۋېتىلدى!

گۈيجوۋ شىچيەن ناھىيەسىنىڭ پىڭشەن يېزىسى داپىڭ كەنتىدە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى ۋۇ چاڭيۇڭنىڭ يان تېلېفونىغا مۇشۇنداق خەۋەر كەلدى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا دەرھال تارقاتتى، دوستلار چەمبىرىكى، ۋېيشىن توپىنى قايتا ـ قايتا يېڭىلىدى، سەھەر سائەت بىر ـ ئىككىلەردىمۇ كىشىلەر تارقاتتى، ئەگىشىپ ئىنكاس يازدى.

بۇ، ئىختىيارسىز ھالدا ۋۇ چاڭيۇڭغا يىل بېشىدىكى ئاشۇ قېتىملىق «تارىختىكى ئەڭ زور كۆلەم»لىك سۆھبەت يىغىنىنى ئەسلەتتى.

3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، شىچيەن ناھىيەسىنىڭ سىنلىق يىغىن زالىدا، ئاساسىي قاتلامدىكى بۇ نامراتلارنى يۆلەش كادىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئاتاكىغا ئۆتۈش سەپەرۋەرلىكىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى ——

«بۇ يىل يەنە ئون ئايغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت قالدى، كۈن بويىچە ھېسابلىغاندا 300 كۈن قالدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئەسلىدىنلا يېڭىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن قاتتىق قىيىنچىلىق بار ئىدى، يۇقۇم يەنە ئۇنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇۋەتتى، جەزمەن بالدۇرراق قايتا سەپەرۋەر قىلىش، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلىش كېرەك».

«پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدىسى جەزمەن قەرەلىدە ئىشقا ئاشىدۇ، ھېچقانداق چېكىنىش يولى ۋە ئېلاستىكلىق يوق».

شۇ ۋاقىتتا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تىركىشىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، نامرات رايونلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى، نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش قىيىن بولدى، بەزى تۈرلەردە ئىلاجسىز ئىش توختىتىلدى...

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قانچە ئاخىرىغا بارغانسېرى، ئېشىپ قالىدىغىنى شۇنچە يېڭىش ئەڭ تەس بولغان قاتتىق قىيىنچىلىق بولىدۇ. ھازىر، بىر «قوشۇلغان سىناق سوئالى» يەنە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئالدىغا قويۇلدى.

بۇ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ تۆۋەن چەك ۋەزىپىسى ۋە بەلگە خاراكتېرلىك كۆرسەتكۈچى.

ۋەدە ئالتۇندىن قىممەت، ھەربىر بۇيرۇق مۇقەددەس ستۇر، تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە، قوشۇننى قەتئىي قايتۇرماسلىق كېرەك.

بىر نىيەتتە بولغۇچىلار غەلىبە قىلىدۇ! يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە باشلامچى بولسا كۈچلۈك بولغىلى بولىدۇ!

«بەش شۇجى ئويچە چۈشكەن» بىر پارچە سۈرەت ئېكرانىنى يېغلاپ تۇردى ——

باھار يامغۇرى ئەمدىلا توختىغاندى، شەنشى پىڭلى ناھىيەسىدىكى نوۋا سۇمۇرغ چايچىلىق زامانىۋى ئۈلگە كۆرسىتىش باغچە رايونىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ پاتقاق كېچىپ، چايزارلىق چىغىر يولنى بويلاپ ئىشلەۋاتقان چايچى دېھقانلارنىڭ يېنىغا ماڭدى. باش شۇجىنىڭ يېنىدا تۇرغانلار شەنشى ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئەنكاڭ شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، پىڭلى ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، جىاڭجياپىڭ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئىدى.

بۇ، دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان تەشكىلىي سەپەرۋەرلىك: پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە جەمئىي 250 مىڭدىن ئارتۇق كەنتتە تۇرۇش خىزمەت ئەترىتى ئەۋەتىلدى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورگان، دۆلەت كارخانىلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردىكى جەمئىي 3 مىليوندىن كۆپرەك كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىر باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، جاپالىق ئەجرى، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى، ھەتتا ھاياتىنى بېغىشلىدى.

قانچە جاپالىق بولغانسېرى، شۇنچە كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىش كېرەك: يۇقۇم ۋە ئاپەت ئۈستىلىنىپ كەتكەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىلدا، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن بارلىق نامرات نوپۇسنىڭ قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، باش شۇجى شى جىنپىڭ قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن 52 نامرات ناھىيە ۋە 1113 نامرات كەنتكە قارىتا ۋۇشۇسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى يولغا قويۇپ، قىيىنغا تېگىش قىلىپ «ھەيدەكچىلىك قىلىپ»، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ «جەڭ قىلىش»نى ئېنىق تەلەپ قىلدى.

نىشان مەركىزىنى نىشانلاپ، ئەڭ توغرا تەپەككۇر، ئەڭ ئىلمىي تەدبىر ئارقىلىق ئاچقۇچلۇق تەدبىرلەرنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

2020 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كەچقۇرۇن، چىنلىڭنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان جاشۈي ناھىيەسىنىڭ شياۋلىڭ بازىرى جىنمى كەنتىدىكى مورنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش مەركىزى بىر «ئالاھىدە مال تونۇشتۇرغۇچى»نى كۈتۈۋالدى.

بىۋاسىتە كۆرسىتىش سۇپىسى ئالدىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ يان تېلېفوننىڭ كامېراسىغا قاراپ ئالقىشلىدى —— «كىچىك مور، چوڭ كەسپ».

شۇ كۈنى كەچتە جاشۈي مورىنىڭ بازىرى چىقتى!

20 مىليون تورداش بەس ـ بەستە بىۋاسىتە كۆرسىتىش ئۆيلانمىسغا كىردى، 20 توننىدىن ئارتۇق مور سېكۇنت ئىچىدە سېتىلىپ بولۇندى. ئېكران «باش شۇجىمۇ كۆچىدى» دېگەن خەتلەر بىلەن تولدى.

كەسپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتىكى مۇھىم تەدبىر.

بەزى تاراتقۇلار باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇشۇ يىللاردا تەكشۈرۈشتە بولغاندا كۆڭۈل بۆلگەن نامراتلارنى يۆلەش كەسپلىرىنى بىر پارچە «ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش تىزىملىكى»گە خۇلاسىلەپ چىقتى: شەنشى جاشۈي مورىسىنى شەنشى داتۇڭنىڭ سېرىقگۈلى بىلەن بىللە قورۇش، خېبېي دېشىڭنىڭ ياڭيۇسىنى نىڭشيانىڭ ئانگۇس كالا گۆشى بىلەن بىللە قورۇش، بىر تەخسە گۈيجوۋ پەنجۇ كالباسىسى كەلتۈرۈش، بىر ئاپقۇر «خەلق ھارىقى»نى ئوتلاش، تاماقتىن كېيىن يەنە خېيلۇڭجياڭ يېچۈننىڭ ئەينۇلاسىنى يېيىش، بىر ئىستاكان جېجياڭ ئەنجى ئاق چېيىنى ئىچىش...

ئىس ـ تۈتەكسىز بۇ قېتىمقى چوڭ ھەل قىلغۇچ جەڭنى باش شۇجى شى جىنپىڭ باشتىن ـ ئاخىر دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئەڭ زور ئىرادە بىلەن، ئەڭ كۆپ زېھنىنى سەرپ قىلىپ، ھەم قوماندانلىق قىلدى ھەم جەڭگە ئاتلاندى.

چۇڭچىڭ شىجۇ ناھىيەسىنىڭ خۇاشى كەنتى قاتمۇقات تاغلارنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان.

ئىككى يىل ئىلگىرى، يېشى 60تىن ئاشقان كەنت ئاھالىسى تەن دېجوۋ سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىۋاتقاندا ئېغىر يارىلىنىپ، تۆت ئايدىن كۆپرەك ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىپ، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى قاتارلىق تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش سىياسەتلىرىگە تايىنىپ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالدى.

2019 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، پويىزغا ئالمىشىپ، ئاپتوموبىلغا ئالمىشىپ، يىراق يوللارنى بېسىپ، توختىماي يول يۈرۈپ، لاۋ تەننىڭ ئۆيىگە كەلدى. باش شۇجىنى كۆرۈپ، لاۋ تەن بىردىنلا ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى: «پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتى بولمىغان بولسا، مەن ئالىمقاچان قارا يەرنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتكەن بولاتتىم!»

باش شۇجى شى جىنپىڭ لاۋ تەننىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ: «پارتىيەنىڭ سىياسىتى پۇقرالارغا نىسبەتەن ياخشى بولسا، ئاندىن ھەقىقىي ياخشى بولغان بولىدۇ» دېدى.

ئۇنىڭ چاقىرىقلىق مۇساپە، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماسلىق. سېرىق تۇپراقتا يىلتىز تارتقان ئۇزاق يىللاردا، باش شۇجى شى جىنپىڭ خەلققە بولغان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ئالللىبۇرۇن قەلبىگە پۈككەندى.

«بىز بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەردە مۇنداق بىر ئىدىيەۋى ھېسسىيات بار، چوقۇم پۇقرالىرىمىزنى، بولۇپمۇ دېھقانلىرىمىزنى يۆلىشىمىز كېرەك، سوتسىيالىزم يولىدا بىرىمۇ كەم بولسا بولمايدۇ، ئورتاق بېيىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىپ، كۆپچىلىك بىرلىكتە بۇ يولدا مېڭىشىمىز كېرەك». 2020 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن مەزگىلىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆتكەن ئىشلارنى تىلغا ئېلىپ، چىن ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى.

بېسىپ ئۆتكەن يوللارغا نەزەر سالساق، سەككىز يىللىق ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەقەدەر جاپالىق! بىراقلا كۆچەش نەقەدەر ھەيۋەتلىك!

ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى؛

نامرات ناھىيەنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىق قالپىقى ئېلىۋېتىلدى؛

مۇتلەق نامراتلىق ۋە رايون خاراكتېرلىك ئومۇمىي نامراتلىق تۈگىتىلدى؛

100 مىليونغا يېقىن نامرات نوپۇسنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛

...

بۇ ئۇلۇغ تۆھپە تارىخ بېتىگە مەڭگۈلۈك پۈتۈلىدۇ.

## (3) «چوڭ تاختا شاھمات ۋەزىيىتى»نى پىلانلاش

«كېلەر يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى سىستېمىلىق باھالايدۇ ۋە خۇلاسىلەيدۇ، ئاندىن دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقالىغانلىقىنى رەسمىي جاكارلايدۇ».

2020 ـ يىلى ئالتۇن كۈز، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەنتەنىلىك جاكارلىشى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، بۇ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پىلانلىغان بىر «چوڭ تاختا شاھمات ۋەزىيىتى».

«13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش تاماملىنىدىغان يىرىك پىلان.» «ھازىر، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 20 يىلىدىن ھالقىغان بۇ كۆرەش مۇساپىسى بىرلا غەيرەتكە كېلىپ ئاخىرقى پەللىگە قاراپ كۆچەشكە توغرا كېلىدىغان تارىخىي پەيتكە كەلدى.» بەش يىل ئىلگىرى باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چىقاردى.

بەش چوڭ تەرەققىيات ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسنى ماس ئالغا سىلجىتىش... بىر قاتار زور پىلان، زور تەدبىرلەر جۇڭگونىڭ كەڭ تەرەققىيات يېڭى بوشلۇقىنى ئاچتى.

چوڭ ۋەزىيەتنى بىكىتىشتىن باشلاپ تۇتۇش قىلىندى —— ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش داۋامىدا تەرەققىياتنىڭ يېڭى ھاياتىي كۈچى قويۇپ بېرىلدى.

2020 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، شېنجېن ليەنخۇاشەن تېغىدا كۈزنىڭ مەيىن شامىلى كىشىگە راھەت بېغىشلايتتى.

ئارىدىن سەككىز يىل ئۆتۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ جايغا يەنە بىر قېتىم كېلىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىس ھەيكىلىگە گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىپ «ئىسلاھات توختاپ قالمايدۇ، ئېچىۋېتىش قەدىمى توختاپ قالمايدۇ» دېگەن ئىرادىسىنى جاكارلىدى.

«40 يىللىق تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرگەن شېنجېن يەنىلا ياش شەھەر بولۇپ، جۇش ئۇرۇپ ئالغا ئىنتىلمەكتە، گۈللىنىپ راۋاجلانماقتا.» تاغ چوققىسىدىكى سۇپىدا تۇرۇپ، بۇ زامانىۋى چوڭ شەھەرگە نەزەر سالغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر ھاياجانغا چۆمدى، «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونغا يېڭى ماھىيەتلىك مەزمۇن ۋە بۇرچ يۈكلىدى، شېنجېن چوقۇم تىرىشىپ تېخىمۇ كۆپ ‹باھار ھېكايىسى›نى داۋاملىق يېزىپ، دۇنيا يېڭىچە نەزەر بىلەن قارايدىغان يېڭى، تېخىمۇ زور مۆجىزىلەرنى يارىتالايدۇ!»

شېنجېندا جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا ئالدىن يۈرۈش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلدى! خەينەن ئەركىن سودا پورتى يەلكەن چىقىرىپ يولغا چىقتى! پۇدۇڭ يېڭى رايوندا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان رايون بەرپا قىلىشقا مەدەت بېرىلدى!

ئاچقۇچلۇق جايلاردا ئۇدا ئۈچ قېتىم ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى ئەڭ كۈچلۈك سادا ياڭرىتىلدى.

«13 ـ بەش يىل» ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ئەڭ ئاخىرقى كۆچەيدىغان بەش يىل، شۇنداقلا ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلىدىغان بەش يىل.

بەش يىلدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ 38 قېتىم مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار مۇھىم، زور ئىسلاھاتلارنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ئىسلاھاتلارنىڭ چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، چىقىرىلغان لايىھەلەرنىڭ كۆپلۈكى، چېتىلىدىغان مەنپەئەتلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئالغا سىلجىتىش سالمىقىنىڭ زورلۇقى مىسلىسىز بولدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)